مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ۋەكىل شۇ تاۋ:

# پېدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىش كېرەك

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، قۇتۇبى ناھىيەسى لىيى فىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى شۇ تاۋ پېدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى تەييارلاپ بولدى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، شۇ تاۋنىڭ چاقىرىقى بىلەن، 36 نەپەر ئەر تاكسى شوپۇرى، ئايال تاكسى شوپۇرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىدىن ۋاز كېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئاتلاندى. شۇ تاۋ مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پېدائىيلار مۇلازىمىتىگە تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، داۋالانماقچى بولغان ياشانغانلار، ئاجىزلار، ئاغرىقلار، مېيىپلەر، ھامىلدارلارنى پېدائىيلىق بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپاردى - ئەكەلدى، بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ خىزمەتكە بېرىپ - كېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى، كۆكتات سېتىۋېلىش، دورا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ياردەملىشىپ، توك - سۇ ھەققىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇپ بەردى، ماددىي ئەشيالارنى توشۇدى...

«مەن بىر ۋىجدانلىق، ئىللىق، ھېسسىياتلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ، مېھىر - مۇھەببىتىم بىلەن قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئىللىق ‹يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېمى›نى قۇرۇپ چىقىمەن» دېدى شۇ تاۋ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن بۇيان، شۇ تاۋ خەلق تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پېدائىيلار مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ئىزچىل ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

بۇلتۇر، شۇ تاۋ لىيى فىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنى باشلاپ پېدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتىنى كۈتۈنۈش ئىشلىرىغا قاراتتى. ئۇلار ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ خىزمەتچى خادىملار، ياشانغانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى: ياشانغانلارنىڭ يەنە قانداق قىيىنچىلىقلىرى بار؟ كۈتۈنۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە قانداق يۆلەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك جايلار بار؟...

شۇ تاۋنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا پېدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتى. «ھەرقايسى ساھەلەردە تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان پېدائىيلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۇسۇلى بىلەن ‹يۇقۇم›غا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە ئاتلىنىپ، ئۇچۇر تىزىملىدى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، تەرتىپنى ساقلىدى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئۆزىنى بېغىشلاش، دوستانە بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىلگىرىلەش»تەك پېدائىيلار مۇلازىمىتى روھىنى شەرھلەپ، مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.» شۇ تاۋ مۇنداق دېدى: «قۇتۇبى ناھىيەسى لىيى فىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتىنى ئېلىپ ئېيتسام، بىز پېدائىي شوپۇر قوبۇل قىلىش خەۋىرىنى تارقاتقىنىمىزغىلا، 60قا يېقىن تاكسى شوپۇرى بەس - بەستە تىزىمغا ئالدۇردى».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى پېدائىيلار مۇلازىمىتىدە بەلگىلىك كەسپىي بىلىملەرنى ھازىرلاش زۆرۈر. شۇ تاۋ ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن تەربىيەلەندى، ئۆگەنگەن بىلىملىرى قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم ماسكا ئالماشتۇرۇش، قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم قول يۇيۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە قانچىلىك ئارىلىق ساقلاش قاتارلىقلارغىچە كونكرېتلاشقان بولۇپ، ھەممىسى كېيىنكى پېدائىيلار مۇلازىمىتىدە ئەسقاتتى. «ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەلەش ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، پېدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك» دېدى شۇ تاۋ.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەريانىدىكى پېدائىيلار مۇلازىمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى خۇلاسىلەپ چىقىپ ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ يىلقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.» شۇ تاۋ مۇنداق بىلدۈردى: پېدائىيلار مۇلازىمىتىگە داۋاملىق ئاتلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پېدائىيلار مۇلازىمىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن.

ۋەكىل رۇقىيەم مەتسەيدى:

# پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىغا ۋارىسلىق قىلىمەن

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ

«بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىش، ۋۇخەندىكى قېرىنداشلار ياردەمگە موھتاج بولغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك! گەرچە مىڭ چاقىرىم يىراقتا بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىچىككىنە گۈرۈچ دانىچىلىرىگە بىزنىڭ ۋۇخەندىكى قېرىنداشلارغا بولغان دوستلۇقىمىز سىڭگەن.» بۇ يىل 3 - ئايدا ۋۇخەندىكى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تىببىي خادىملارغا گۈرۈچ ئىئانە قىلىش جەريانى تىلغا ئېلىنسا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رۇقىيەم مەتسەيدى يەنىلا ھاياجىنىنى باسالمايدۇ.

رۇقىيەم مەتسەيدى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى قۇربان تاغىنىڭ ئەۋرىسى. بۇ يىل 2 - ئايدا، يۇقۇمنىڭ ۋۇخەن خەلقىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ قۇربان فوندى جەمئىيىتىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن ۋۇخەندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى داۋالاش، پەرۋىش قىلىش خىزمەتچىلىرىگە بەش توننا گۈرۈچ ئىئانە قىلىشنى قارار قىلدى. تاراتقۇلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشى ۋە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ گۈرۈچ ئارالدىن يولغا چىقىپ، ئالتە كۈندە 4000 نەچچە كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋۇخەن شەھەرلىك 7 - دوختۇرخانىغا توشۇپ كېلىندى. بۇ قېتىمقى ئالاھىدە ئىئانىنى ئەسلىگەندە، رۇقىيەم مەتسەيدى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىئانە قىلىش پائالىيىتى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۆپچىلىكتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ‹قۇربان روھى›نىڭ پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قۇرباننىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇ خىل روھقا داۋاملىق ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى جارى قىلدۇرىمەن».

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى يېپىلىشتىن ئىلگىرى، رۇقىيەم مەتسەيدى «ۋەكىللەر يولى»دا مېڭىپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىزدە 100دىن ئارتۇق ئادەم بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ھازىر، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى خۇددى كۈنجۈت چېچىكى ئېچىلغانسېرى ئېگىزلىگەندەك كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.» ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق دېدى: ھازىر، يۇرتۇم كېرىيە ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقى بارغانسېرى زورىيىپ، يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. «بۇلتۇر، كېرىيە ناھىيەسىدە قۇربان تۇلۇم يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى. كۆپچىلىك غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە قاراپ ئاتلانماقتا».

بۇلتۇر، رۇقىيەم مەتسەيدى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى تەشكىللىگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسى بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتنىشىپ، قاراقاش ناھىيەسى، خوتەن ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. كەنت قۇرغان زاۋۇتتىكى ئايال ئىشچىلارنىڭ تەبەسسۇمى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى؛ سورتى يېڭىلانغاندىن كېيىنكى يۇقىرى ھوسۇللۇق ياڭاقلىقتا ئۇ دېھقانلارنىڭ يېڭى تېخنىكىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاۋاتقانلىقىنى كۆردى. «مېنىڭچە، پۇقرالارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى ئۆزگەرسە، كاللىسى ‹ئېچىلسا› يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ قالمايدۇ. بۇ يىل، بىز چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلالايمىز» دېدى ئۇ.

«بۇ يىل مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشقاندا، مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىگە ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىمەن. مەن بۇ ياخشى سىياسەتلەرنى يۇرتۇمدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ، يۇرتداشلىرىم بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىمەن» دېدى رۇقىيەم مەتسەيدى.

ئەزا دېلى خۇڭ:

# ئاممىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىش

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا

«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ زىممەمگە ئېلىپ، ‹يۇقۇم›غا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە دۆلەت ئۈچۈن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشىم، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىشىم كېرەك» دېدى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى دېلى خۇڭ.

بۇ يىل، «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، دېلى خۇڭ جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭشەن بوئەي فوندى جەمئىيىتىدىن 100 مىڭ يۈەننى يەكەن ناھىيەسىدىكى تۆت ئېغىر نامرات كەنتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئىشلىتىشكە ماسلاشتۇرۇپ بەردى، 30 مىڭ يۈەننى كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىشكە ماسلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قارىتا، دېلى خۇڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە «سەھىيە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ رېئال ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان دورا ئىشلىتىش، ئۇسكۈنە ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكلىپ» قاتارلىقلارنى سۇنۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پائال ئەقىل - چارە كۆرسەتتى.

«تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، مەن يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئېغىرراق ئۇچرىغان بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ ھۆكۈمەت ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقنى ئاساس قىلىش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دېدى دېلى خۇڭ.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدا، دېلى خۇڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى 2023 - يىلىغىچە ئۇزارتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قايتۇرغان جاۋابىدا، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مۇددىتىنىڭ 2030 - يىلىغىچە ئۇزارتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.» تەكلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، دېلى خۇڭ ناھايىتى ھاياجانلاندى.

بۇلتۇر ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا، دېلى خۇڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا سىجىل كۆڭۈل بۆلۈپ، تارىم داشۆسى، ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى ھەمدە كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

«سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دائىم ئاساسىي قاتلامغا ۋە ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىگىلەپ، ئاممىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ قىممىتى بار تەكلىپ لايىھەسى ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.» دېلى خۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۇ «شىنجاڭ جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى داشۆسى قۇرۇش تەكلىپى»نى ئېلىپ باردىكەن. دېلى خۇڭنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئېگىزلىكى قىلىپ قۇرغاندا، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ ساغلاملىق بايلىقى، ئىقتىسادىي بايلىق، پەن - تېخنىكا بايلىقى، مەدەنىيەت بايلىقى ۋە مۇھىم ئېكولوگىيە بايلىقى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدىكەن.

دېلى خۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر، شىنجاڭدا جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرى كەمچىل بولۇش يوچۇقى بىرقەدەر چوڭ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى مائارىپى داۋالاش، پەن تەتقىقات بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭ جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى داشۆسى قۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئىشلىرى ۋە كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش

تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: «بىز ئوتتۇرىغا قويغان يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش سىياسىتىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق تەكلىپلەر ھازىرقى سىياسەتلەردە گەۋدىلەندى» دېدى ۋەكىل نىياز ھاشىم. 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا نىياز ھاشىم قاتارلىق توققۇز نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى چىقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، لېكىن يول مېڭىش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، مۇھىت پاسكىنا بولۇش، كەنت قىياپىتى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، كەڭ دېھقان ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك ئىلتىماس - تەلىپىگە ئايلاندى.

«خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گۈزەل، ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنت قۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، يېزا ئەخلەتلىرى، تۇرمۇش پاسكىنا سۈيى، ھاجەتخانا گەندە - يۇندىلىرىنى تۈزەشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، بىر قىسىم يېزا - كەنتلەرنىڭ سۇ، توك، يول قۇرۇلۇشى ئارقىدا قېلىش ئەھۋالىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش كېرەك.» نىياز ھاشىم مۇنداق تەكلىپ بەردى: يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى باشلامچى بولۇپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى تېزدىن ئېلان قىلىپ، كەنت قىياپىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، يېزىلاردىكى ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش ئەخلىتى، پاسكىنا سۈنى تۈزەش قاتارلىقلارنى قوللاشقا ئىشلىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى جاۋابىدا مۇنداق بىلدۈردى: 2019 - يىلى 3 - ئايدا، يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى «يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى، 4 - ئايدا، مالىيە مىنىستىرلىقى يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىكتە «يېزا ‹ھاجەتخانا ئىنقىلابى›نى پۈتۈن كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىشتا مالىيەدىن مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەش يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارنىڭ شارائىتى بار بولغان يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى قوللاپ ۋە يېتەكلەپ، ھاجەتخانا گەندە - يۇندىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

2019 - يىلى 5 - ئايدا، گوۋۇيۈەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشتە نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان 19 ناھىيە (شەھەر، رايون)نى مۇكاپاتلىدى، بۇ، ئاساسلىقى يېزا ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى پۈتۈن كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىش، كەنت قىياپىتىنى تۈزەش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشكە ئالاقىدار قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىستىرلىقى يېزىلارنىڭ ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى پۈتۈن كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىشتا مۇكاپاتلاش - ياردەم پۇلى بېرىش سىياسىتىنى ياخشى تەشكىللەپ، يولغا قويۇپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى تېخىمۇ كۈچلۈك مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. توغرا يېتەكلەش رىغبەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت نىشانىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.